# شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى

# 新疆社会科学研究


（内部刊物　　ئىچكى ژۇرنال）

4- سان　　1983- يىل 11- ئاي

新疆维吾尔自治区社会科学院


## مۇندەرىجە


ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ تارىخىي ئەمەلىيىتىگە ھۆرمەت قىلىش لازىم ......... مەمتىمىن يۈسۈپ 1

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ يىراقنى كۆرەر رەھبىرى ئابدۇكېرىم ئابباسوپ ھەققىدە ئەسلىمە ......... لى تەيىۋى 12

# ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ تارىخىي ئەمەلىيىتىگە ھۆرمەت قىلىش لازىم

مەمتىمىن يۈسۈپ

شىنجاڭ قىسقىچە تارىخىنىڭ 3 - قىسمىنى يېزىشتا، ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىمىز بىر نەچچە يىلدىن بېرى ئومۇمىيۈزلۈك ماتېرىيال توپلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر بىر قىسىم ماتېرىياللارنىمۇ توپلىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە تېخى تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلىنمىغان ماتېرىياللار ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر بىر قىسىم نۇقتىلىق ماتېرىياللار ئۈستىدە بىر نەچچە يولداشلارنى تەشكىللەپ 3 قېتىم تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلىش ئېلىپ باردىم. بۇ ماتېرىياللار ئۈستىدە ئېلىپ بارغان تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلىش: ( 1 ) ۋاقىت ئېنىق بولۇش؛ ( 2 ) ئورۇن ئېنىق بولۇش؛ ( 3 ) ۋەقە ئېنىق بولۇش؛ ( 4 ) ئادەم ئېنىق بولۇشتەك «تۆت ئېنىق بولۇش» ئاساسىدا بولدى، نەتىجىدە بىر نەچچە ماتېرىيال تارىختىكى ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولماي چىقتى، بىر نەچچە ماتېرىيال تارىختىكى ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىش بىلەن بۇرۇن ئىگىلىيەلمىگەن تارىخىي پاكىتلارنىمۇ ئېچىپ بەردى. دېمەك، تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلىشتىن ئۆتكەن تارىخىي ماتېرىياللارنى ئىشلىتىش ئىشەنچلىك بولۇپ، تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلىشتىن ئۆتمىگەن، تولۇق ئېنىق بولمىغان تارىخىي ماتېرىياللارنى قارا - قويۇق ئىشلەتكەندە بىر تەرەپلىمىلىك خاتالىقىنىڭ كېلىپ چىقىدىغانلىقى تەبىئىي. شۇڭا، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ تارىخىنى يېزىشتا، ياكى بۇ ھەقتە پارچە ماقالىلارنى يېزىشتا، ئالدى بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى كۆتۈرۈلگەن شۇ تارىخىي شارائىتنىڭ ئەھۋالىغا قارىتا تارىخىي ماتېرىيالىزملىق نۇقتىئىنەزەر بويىچە تەھلىل يۈرگۈزۈپ، ئىنقىلابنىڭ تۈپ يۆنىلىشى ۋە ئىنقىلابنىڭ تۈپ خاراكتېرى بىلەن ئايرىم زامان، ماكان شارائىتىدا كۆرۈلگەن ھادىسىلەرنىڭ خاراكتېرىنى پەرق ئېتىش؛ ئىنقىلابنىڭ بىرلىكسەپ ئېھتىياجى بىلەن ئىنقىلابنىڭ ئاساسىي رەھبەرلىك ھوقۇقى كىمنىڭ قولىدا ئىكەنلىكىنى پەرق ئېتىش؛ ئىنقىلابنىڭ ئاخىرقى يەتمەكچى بولغان مەقسەت - نىشانى بىلەن ئايرىم شەخسلەرنىڭ ئۆتكۈزگەن

خاتالىقلىرىنى پەرق ئېتىش؛ دېمەك، ئايرىم تارىخىي ئەھۋال ئاستىدا يۈز بەرگەن بەزى خاتالىقلارنى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ تۈپ خاراكتېرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان مەسىلىلەر قاتارىغا قويماسلىق كېرەك.

## 1. ئاتالمىش „شەرقىي تۈركىستان“ مەسىلىسى

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە „شەرقىي تۈركىستان“ دېگەن بۇنداق بىر ئاتالغۇمۇ بولغان. مېنىڭچە، شىنجاڭ قىسقىچە تارىخىنى يېزىشتا، „شەرقىي تۈركىستان“ دېگەن بۇ سۆزنى شۇ پېتى ئىشلەتمەي، شۇ چاغدىن تارتىپ تاكى ھازىرغا قەدەر ئومۇمىيۈزلۈك ئاتىلىپ كېلىۋاتقان ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى دېگەن نام بىلەن يېزىش مۇۋاپىق. 81-يىلى بېسىپ تارقىتىلغان „جۇڭگو گوڭچەنداڭىنىڭ يىلنامىسى“ دېمۇ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى دەپ كۆرسەتكەن. بۇنىڭ سەۋەپلىرى تۆۋەندىكىچە:

(1) شۇ تارىخىي شارائىتتا، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى تۇرۇشنى خالايدىغان ھەر قايسى مىللەتلەر ئىچىدىكى دىنىي زاتلار، سودىگەرلەر، دېخان-چارۋىچىلارنىڭ يۇقۇرى تەبىقىسى بىلەن بىرلەشمەي مۇمكىن بولمىغان ئىدى، مۇشۇ تارىخىي سەۋەپ تۈپەيلىدىن دىنىي روھانىي تەبىقىسىدىن بولغان ئېلىخان تۆرىدىن ۋاقىتلىق پايدىلىنىشقا توغرا كەلگەن، بۇ پۇرسەتتىن پايدىلانغان ئېلىخان تۆرە ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت بېشىغا چىقىۋېلىپ، پەقەت ئۆز ئەتراپىدىكى بىر ئوچۇم كىشىلەر بىلەنلا „شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى“ قۇرىمىز دەپ ئىسلام بايرىقىنى كۆتىرىۋېلىپ، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ ۋە ئىنقىلابىي زىيالىيلارنىڭ نارازىلىقىغا قارىماي، بەزى ئەكسىيەتچى پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بارغان، لېكىن بۇ ئۆز پائالىيىتىنى مەلۇم دائىرىدىلا قىسقا ۋاقىت ئېلىپ بارالىغان.

(2) ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ھەربىي، سىياسىي-قانۇن، ساقچى، مەدەنىيەت-مائارىپ، ئىنقىلابچى ياشلار تەشكىلاتى قاتارلىق ئاساسلىق ئورۇنلارنىڭ ھوقۇقى چېن تەنچيۇ، ماۋزېمىن، لىن جىلو، دۇجۇڭيۈەن، لى زىلياڭ قاتارلىق ئۈرۈمچى، ئىلى، قەشقەر، ئاقسۇ، قۇمۇل قاتارلىق جايلاردا ئىشلىگەن كوممۇنىستلارنىڭ تەربىيىسىنى ئالغان ۋە مۇشۇ كوممۇنىستلارنىڭ ياردىمى بىلەن سەۋىيىتكە يېتىپ ئوقۇپ كەلگەن ھەر مىللەت زىيالىيلىرىنىڭ شۇنداقلا ھەر مىللەت، ھەر تەبىقىدىن چىققان ئىلغار كىشىلەرنىڭ قولىدا ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئېلىخان تۆرە بۇ دائىرىدىكى ھوقۇقلارنى ئۆزى خالىغانچە ئىشلىتەلمىگەن،

( 3 ) ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىنىڭ تۈپ يۆنىلىشى — گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە، جاھانگىرلىككە، پانتۈركىزىم ۋە پان ئىسلامىزىمغا قارشى تۇرۇش ئىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋى جاھانگىرلىككە، پانتۈركىزىم بىلەن پان ئىسلامىزىمغا قارشى تۇرۇشنى ئىنقىلاپنىڭ كۈن تەرتىۋىگە كىرگۈزگەن، چۈنكى، ئۇ مۇرەككەپ تارىخىي شارائىتتا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋى پانتۈركىزىم بىلەن پان ئىسلامىزىمغا قارشى كۈرەش ئېلىپ بارمىغان بولسا، جۇڭگو گۇڭچەنداڭى رەھبەرلىكىدىكى خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسى شىنجاڭغا يېتىپ كەلگەنگە قەدەر ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋى پۇت دەسسەپ تۇرالمايتتى. شۇڭا، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋى بۇنى تەشكىلىي جەھەتتىن، سىياسى قانۇن جەھەتتىن، ئاخبارات ۋە تەشۋىقات جەھەتتىن ئەمەلىلەشتۈرگەن.

تەشكىلىي جەھەتتىن:

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋى ھۆكۈمىتى 3 - باشقارمىسىنىڭ بەشتىن ئۈچ بۆلىمى مەخسۇس ھالدا جاھانگىرلارنىڭ، پانتۈركىزىم ۋە پان ئىسلامىزىمچىلارنىڭ شىنجاڭدىكى بۇزغۇنچىلىق پائالىيىتىنى كۆزۈتۈش ۋە تەتقىق قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن.

ئاخبارات ۋە تەشۋىقات جەھەتتە:

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىنىڭ گېزىت - ژورناللىرى پانتۈركىزىم ۋە پان ئىسلامىزىمغا قارشى ماقالە، ئوبزور، خەۋەرلەر ئارقىلىق داۋاملىق تەشۋىقات خىزمىتىنى ئېلىپ بارغان.

قانۇن جەھەتتە:

پانتۈركىزىم ۋە پان ئىسلامىزىمچىلارنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىغا قارشى ئېلىپ بارغان تەشكىللىك ھەرىكەتلىرىنى قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلغان. بۇ ھەقتىكى تارىخىي پاكىتلار قولىمىزدا بار، بولۇپمۇ ئېلىخان تۆرىنىڭ ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى يېقىنلىرىنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىنىڭ تۈپ مەقسىدىگە قارشى ئېلىپ بارغان پان ئىسلامىزىمدىن ئىبارەت ئەكسىيەتچى پائالىيىتىنى كۆرسىتىپ بارغان.

( 4 ) 1945 - يىلى 12 - ئايدا، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاپچى ياشلار تەشكىلاتىنىڭ رەئىسى يولداش سەيپۇللايېف ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرىدىن ئەخمەتجان قاسىمى، گېنېرال ئىسھاقبەگ، ئابدۇكېرىم ئابباسوپلار بىلەن مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن، ئېلىخان تۆرىنىڭ ئەكسىيەتچى مىللەتارىست مابۇفاڭغا خەت يېزىپ پان ئىسلامىزىمنى كېڭەيتىش، كوممۇنىزىمغا قارشى تۇرۇش، گۇڭچەنداڭغا قارشى تۇرۇش، ۋەتەننى پارچىلاش مەقسىدىدە ئېلىپ بارغان ئەكسىيەتچى ھەرىكەتلىرىگە قارشى پائالىيەت ئۇيۇشتۇرۇپ، بۇنى تەشكىللىك ۋە قەدەم باسقۇچلۇق ھالدا ئىشلىگەن. ئالدى بىلەن غۇلجا شەھىرىدىكى قايناملىنىڭ ئويىدە ھەربىي ۋە مەمۇرىي، مائارىپ

ئورۇنلىرىدىكى 10 نەپەر ئاساسلىق ئىلغار زىيالىلار بىلەن يىغىن ئېچىپ، ئېلىخان تۆرىنى ئاغدۇرۇشتا ئىچكى قوراللىق توقۇنۇش بولۇپ قېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن؛ ئېلىخان تۆرىنى ئۆز-ئۆزىگە ئىستېپا بېرىپ ئورۇننى بىكار قىلدۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىشنى قارار قىلغان، مۇشۇ قارارغا ئاساسەن، خەلق نامىدىن ئېلىخان تۆرىگە خەت يازغان، بۇنىڭغا قارشىلىق بىلدۈرگەن ئېلىخان تورە خەت يازغۇچىلارنى تېپىپ قولغا ئېلىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرگەن. لېكىن شۇ تارىخىي شارائىتتا ئېلىخان تورىنىڭ ھوقۇق دائىرىسى ئىچكى جەھەتتىن چەكلىمىگە ئۇچرىغانلىقى ئۈچۈن، جامائەت خەۋپسىزلىك ئورۇنلىرى بۇنىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلمىغان.

ئېلىخان تۆرىنى ئاغدۇرۇشنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىغا كەلگەندە، ئېلىخان تۆرە جاھىللىق بىلەن ئۆزىنىڭ مۇھاپىزەتچى قوشۇنىنى ئىشقا سېلىپ، غۇلجا شەھەر كوچىلىرىدا ھەربىي ھالەت يۈرگۈزگىنى ئۈچۈن، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋى كۈچلىرى ئېلىخان تۆرىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغان، ئېلىخان تۆرە ئاغدۇرۇلۇش بىلەن تەڭ، "شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى" دېگەن سۆزلەر پۈتۈنلەي ئەمەلدىن قالغان. دېمەك، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى رەھبەرلىك يادروسىنىڭ ئىچىدە پانتۈركىزىم ۋە پان ئىسلامىزىمچىلار بىلەن ئۇلارغا قارشى ئىلغار كۈچ ئوتتۇرىسىدا كەسكىن كۈرەش داۋام قىلغان بولۇپ، پانتۈركىزىم ۋە پان ئىسلامىزىمغا قارشى تۇرغۇچى كۈچ مۇتلەق ئۈستۈنلۈكنى تەشكىل قىلغىنى ئۈچۈن، شۇ چاغدىكى ھۆكۈمەت-نىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، مەسلىھەتچىسى، نازىرلىرىدىن بولغان ھاكىم بەگخوجا قاتارلىق بىر قىسىم يۇقىرى تەبىقە زاتلىرىمۇ ئېلىخان تورىنىڭ ئەكسىيەتچى پائالىيىتىگە قارشى تۇرغان، قىسقىسى، دىنىي روھانىي تەبىقىسىدىن بولغان ئېلىخان تۆرىنىڭ ئەكسىيەتچى ماھىيىتى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىنىڭ تۈپ مەقسىتىگە قارشى بولغىنى ئۈچۈن ئۈچ ۋىلايەتتىكى كەڭ خەلق ئاممىسى ئېلىخان تورىنى ئاغدۇرۇۋەتكەن.

(5) يولداش دېڭ لىچۈن 1981-يىلى 12-ئاينىڭ 10-كۈنى شىنجاڭ ئارخىپ ئىدارىسىدىكى بىر مەسئۇل يولداشنىڭ يېزىپ چىققان "ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋى تارىخىي ئارخىۋى توغرىسىدا بايان" دېگەن ماقالىسىنى كورگەندە سالغان تەستىق سوزىدە مۇنداق دېگەن: "ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋى ئۇزۇن مۇددەت جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ تەسىرى ۋە تەربىيىسىگە ئىگە بولغان ھەر قايسى مىللەت ئىلغارلىرى ۋە ماركسىزمچىلىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە قوزغالغان". يولداش دېڭ لىچۈننىڭ بۇنداق دېيىشى ئوبيېكتىپ تارىخىي ئاساسقا ئىگە. يولداش دېڭ لىچۈن ئېيتقاندەك، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىنىڭ ئاساسىي رەھبەرلىك ھوقۇقى ھەر مىللەتتىن چىققان ئىلغار زىيالىلار ۋە ماركسىزمچىلارنىڭ قولىدا بولغان.

## 2 . ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىدا خەنزۇغا قارشى ھادىسىلەر كۆرۈلگەن دېگەن مەسىلە

بۇ مەسىلىگە قارىتا مېنىڭ كۆز قارىشىم مۇنداق: ئۇنداق دەپ يېزىش ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىنىڭ خاراكتېرى ۋە ئاساسىي ئېقىمىغا ئۇيغۇن ئەمەس، شۇنىڭدەك مىللەتلەرنىڭ تارىخىي مۇناسىۋىتىگىمۇ پايدىسىز. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋى سېپىگە ئارىلىشىۋالغان ئايرىم يامان ئادەملەرنىڭ قىلمىشى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىنىڭ تۈپ خاراكتېرىگە ۋەكىللىك قىلالمايدۇ، ئۇنداقلار تۈپەيلىدىن كۆرۈلگەن سەۋەنلىك ۋە خاتالىقلارنى بىر پۈتۈن ئىنقىلاپنىڭ خاراكتېرلىك سەۋەنلىگى دەپ يېزىش توغرا ئەمەس .

1944 - يىلى 11 - ئاينىڭ 7 - كۈنىدىن 1945 - يىلى 10 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ماناس دەرياسى بويىدا ئۇرۇش توختىغانغا قەدەر، مىللەتلەر مۇناسىۋىتى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى جەھەتتە شۇ تارىخىي شارائىتقا نىسبەتەن ئىشلەنگەن ياخشى ئىشلارمۇ ئاز ئەمەس، بۇ ھەقتە تۆۋەندىكى بىر نەچچە مىسالنىلا كۆرسىتىپ ئۆتىمەن:

( 1 ) ئۇرۇشنىڭ 2 - كۈنىدىن باشلاپلا پارتىزانلىق شتاۋى غۇلجا شەھىرى خەنزۇ مەھەللىسىدىكى خەنزۇ ئاھالىلىرىنى، ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەردىكى خەنزۇ زىيالىلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە - تەۋەلىرىنى سۈيدۈڭ، كورە، ۋە ئايرىدۇرومىدىكى خەنزۇلارنىڭ ئائىلە - تەۋەلىرىنىڭ ئامانلىقىنى قوغداش گۇرۇپپىلىرى ۋە ئەترەتلىرىنى تەشكىل قىلغان.

( 2 ) ئۇرۇش باشلىنىپ بىرىنچى ھەپتىسىلا يەن، ياڭ، سۈڭ قاتارلىق خەنزۇ مۇتەۋەررلىرىدىن تەركىپ تاپقان خەنزۇ بەنسىچۇسىنى قۇرۇپ، مۇشۇ بەنسىچۇ ئارقىلىق خەنزۇ ئاھالىلىرىنىڭ تۇرمۇش ۋە خاتىرجەملىكىنى ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمەتلىرى ئىشلەنگەن .

( 3 ) ئۇرۇشنىڭ 3 - ۋە 15 - كۈنلىرى ، ئىسلام دىنىدا بولمىغان خەلقلەرگە زىيانكەشلىك قىلىپ بۇلاڭ - تالاڭ قىلغۇچىلارغا پارتىزانلىق شتاۋىدىن قانۇنىي - چارە كۆرۈلىدىغانلىقى توغرىسىدا ئىككى قېتىم ئېلان چىقىرىلغان . غۇلجا شەھىرى ، جىڭ ، شىخو ، چوچەك قاتارلىق جايلاردا بۇنىڭغا خىلاپلىق قىلغان بىر قانچە لۈكچەكلەرگە نەق مەيداندىلا ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەن ، بەزىلىرىنى قامىغان، ئىلى ساقچىسىنىڭ ۋاقىتلىق مەسئۇلى ۋاليودى ، پارتىزان ئەترىتىنىڭ مۇئاۋىن كومانىدىرى لۇتپۇللا ئىنتىزامىنى بۇزۇپ خەنزۇلارغا يامان نىيەت بىلەن مۇئامىلە قىلغانلىقى ئۈچۈن ، بۇلارغا ئۆز ۋاقتىدىلا چارە كۆرۈلۈپ ، خىزمەتتىن قوغلاپ چىقىرىلغان .

( 4 ) تېخى ھەرەمباغ ئېلىنىپ بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا قورۇلغان غۇلجا

شەھەر ئىچى 1-شۆبە ساقچى ئىدارىسى خەنزۇ ئاھالىلىرىغا ۋە تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلگەن خەنزۇلارغا "ياخشى ئادەم"، "تېگىشكە بولمايدۇ" دېگەن بىلەك بەلگىسىنى تارقاتقان. ئۈچ ۋىلايەت پارتىزانلىرى ئۇرۇش شارائىتىدا گومىنداڭ جىڭساچۈيى تۈرمىسىدىن ليۇلىك باشلىق 10 نەچچە نەپەر خەنزۇ يولداشلارنى سالامەت قۇتقۇزۇپ چىققان.

(5) ئۇرۇشنىڭ 5-كۈنىدىن كېيىن ۋۇشىگۇۋۇ (خەنزۇ) باشلىق 11 نەپەر خەنزۇ، خۇيزۇ يولداشلاردىن تەركىب تاپقان خەنزۇچە گېزىت تەھرىر بۆلۈمىنى تەشكىللەپ، "ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋى ھەممە مىللەت بىرلىكتە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى تۇرغۇزغان ئىنقىلاپتۇر" دېگەن مەزمۇندا خەنزۇ تىل-يېزىقىدا گېزىت چىقارغان.

(6) ئىنقىلاپنىڭ 2-كۈنى تارقىتىلغان ئۇيغۇرچە، قازاقچە، رۇسچە، خەنزۇچە تەشۋىقات ۋاراقلىرىدا "مىللەتتىن، دىندىن، تەبىقىدىن قەتئىينەزەر پەقەت گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى تۇرساڭلا ئۇلار بىلەن بىرلىشىمىز" دېيىلگەن.

(7) ئابدۇكېرىم ئابباسوپ باشلىغان پارتىزان دۈيىنىڭ غۇلجا شەھرىگە 44-يىلى 11-ئاينىڭ 7-كۈنى ئۆز ۋاقتىدا كىرىشى ۋە ئەلقا پارتىزانلىرى بىلەن ئالاقە قىلىشتا ياڭ فېي قاتارلىق خەنزۇ ياشلىرىنىڭ رولى چوڭ بولغان. چۈنكى، ئۇلار ئەڭ ئىشەنچلىك مۇھىم ماتېرىياللار بىلەن ئابدۇكېرىم ئابباسوپنى تەمىنلىگەن.

(8) ئۇرۇش توختاپلا خەنزۇ مەكتەپلىرى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋى ۋاقتىدىكى خەنزۇ مەكتەپلىرىدە ئوقۇغان خەنزۇ بالىلىرى ئىچىدە (ئازاتلىقتىن كېيىن تەربىيىلىنىپ) ھازىر شىنجاڭنىڭ ۋە ئىچكىرىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا كادىر، پروفېسسور، تېخنىك بولۇپ ئىشلەۋاتقانلار خېلى بار.

(9) مۇقەررەرلەشتۈرۈشكە بولىدىغان بىر تارىخىي پاكىت باركى: ئۇ بولسىمۇ ئۇيغۇر، خەنزۇ خەلقلىرى ئارىسىدىكى ئۇزۇن تارىختا ئىگە بولغان ئۆز ئارا مۇھەببەت ھەر قايسى دەۋرلەردە ھەل قىلغۇچ رول ئويناپ كەلمەكتە. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇرۇش مەزگىلىدە غۇلجا، چاپچال، سۈيدۈڭ قاتارلىق جايلاردىكى ئۇيغۇر، شىبە، خۇيزۇ، قازاق ئاھالىلىرى ئۆزلىگىدىن ئىختىيارى ھالدا خەنزۇ ئاھالىلىرىنى قوغداش پائالىيىتىنى ئېلىپ بارغان. بۇ ھەقتە ئاز بولمىغان ئەمەلىي پاكىتلار بار.

(10) ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋى ھۆكۈمىتى ئىلى ۋىلايىتى بويىچە 8 مىڭ 702 نوپۇسقا ئىگە خەنزۇ ئاھالىلىرىنىڭ نورمال تۇرمۇشى ۋە ئىشلەپچىقىرىشىغا كاپالەتلىك قىلغان.

(11) ئۈچ ۋىلايەتتىكى ئىنقىلاپچى ياشلار تەشكىلاتىغا قاتناشقان خەنزۇ

ياشلىرىنىڭ سانى 327 نەپەرگە يېتىدۇ. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋى دەۋرىدە تەشكىل قىلىنغان دېموكراتىك ئىتتىپاق تەشكىلاتىغا قاتناشقان خەنزۇلارنىڭ سانى 769 نەپەرگە يېتىدۇ.

(12) ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋى ھۆكۈمىتى ئىلى گىمنازىيىسى دەپ ئاتىلىپ كەلگەن ئوتتۇرا مەكتەپنى ئولكىلىك مۇتەخەسسىسلەر يېتىشتۈرۈش بىلىم يۇرتىغا ئوزگەرتىشنى قارار قىلغان ( بۇ بىلىم يۇرتىدا ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، موڭغۇل، خەنزۇ، خۇيزۇ، شىۋە، تاتار، رۇس، داغۇر، تاجىك قاتارلىق 13 مىللەت ياشلىرى تەربىيىلىنىدۇ دېيىلگەن) . بۇ 18 سىنىپلىق مەكتەپنى باشقۇرۇش ئۈچۈن، 13 مىللەت زىيالىيلىرىدىن تەركىپ تاپقان 32 كىشىلىك ھەيئەت قۇرۇلغان.

(13) 1944 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىن 1947 - يىلىنىڭ 8 - ئايىغىچە لوزى، لى تەيىۋي، چىڭ شىخىيا، خېرۇي قاتارلىق خەنزۇ زىيالىيلىرىنىڭ ئۇرۇمچىدە تۇرغان «جەندۇ» ( «كۈرەش» ) تەشكىلاتىنىڭ دائىرىسى خېلى كەڭ بولۇپ، بۇلار ئابدۇكېرىم ئابباسوپ قاتارلىق ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەت قىلىپ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىغا ماسلىشىپ ئۇرۇمچىدە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى كەسكىن كۈرەش ئېلىپ بارغان.

(14) گومىنداڭ ئارمىيىسى ئىچىدىمۇ ئازسانلىق مىللەت كىشىلىرى بولغان. ھەتتا ئۈچ ۋىلايەت پارتىزانلىرىنى پىلىموت بىلەن قىرىپ تاشلىغان ئۇيغۇر، قازاق ئىچىدىن چىققان بەزى باندىتلارمۇ بولغان. ئۈچ ۋىلايەتنىڭ پارتىزان مىللى ئارمىيىسى ئىچىدە خەنزۇلارمۇ بار ئىدى. مەسىلەن، ئىلى شەھەرىگە ھۇجۇم قىلغان ئابدۇكېرىم ئابباسوپ باشچىلىقىدىكى پارتىزان ئەترىدى ئىچىدە، غۇلجا 2 - پولك، 2 - باتالىيوندا، چوچەك «قىزىل بەيت» تاغ رايونىدىكى پارتىزان ئەترىتى ئىچىدە، موڭغۇل ئىسكادرون ئىچىدە، ئاقسۇ پارتىزانلىرى ئىچىدە، شىخو 1 - پولك 3 - ئىسكادرون سىرتقى ئالاقە گۇرۇپپىسى ئىچىدە، مىللى ئارمىيە رازۋېتكا بولۇم سىرتقى ئالاقە بولۇم ئىچىدە، شىخو، ماناس ئارىلىقىدىكى ھازقان پارتىزانلىرى ئىچىدە، شوگەي ماناس رايونىدىكى پارتىزانلار ئىچىدە، ئالغۇي پارتىزانلىرى ئىچىدە خەنزۇلارمۇ بار ئىدى. ھەتتا، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىنىڭ قەھرىمانى بولغانلارمۇ بار ئىدى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىغا ئەسىرگە چۈشكەن 5600 نەپەر گومىنداڭ ئەسكىرى ( 3 گېنېرال، 2 ۋالى ) نى بىر يېرىم يىل بېقىپ گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە ئۆتكۈزۈش جەريانىدا ئىشلەنگەن ياخشى ئىشلارمۇ بار.

جىڭ، شىخو، سارسۇمبا، بورچىن قاتارلىق جايلاردىكى ئۇرۇشتا پارتىزانلار تۇرغۇن چىقىم بەرسىمۇ، جەمى 57 نەپەر خەنزۇ ئاھالىسىنى ئولۇم خەۋپىدىن

قۇتۇلدۇرغان، ۋاھاكازالار. مۇشۇ ئىشلارغا قاتناشقان بىر قىسىم كىشىلەر ھازىرمۇ ھايات.

1946 - يىلىدىكى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن تۈزۈلگەن 11 بىتىمدىن كېيىن، مىللەتلەر مۇناسىۋىتى، مىللەتلەر ئىتتىپاقى قاتارلىق ئىشلاردا ئىشلەنگەن ياخشى ئىشلارمۇ ئاز ئەمەس. 1946 - يىلى 10 - ئايدىن باشلاپ فىڭ گوئەن ( كوممۇنىست، يولداش دۇڭ بىۋۇ ئەۋەتكەن )، چىڭ شىخۇا، لى تەيىۋي، خې رۇي، ۋەڭ، لىيۇ قاتارلىق خەنزۇ ئىنقىلابچى زىيالىيلىرى ئۈچ ۋىلايەتكە بېرىپ، ئاخبارات، گېزىت - ژورنال ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقىغا دائىر ئىشلاردا زور پائالىيەت كۆرسەتكەن. بولۇپمۇ يولداش لىيۇزىنىڭ ئۇرۇمچىدە تۇرۇپ گومىنداڭغا قارشى ئېلىپ بارغان يەرئاستى ئىنقىلاۋىي پائالىيىتى تېخىمۇ چوڭ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىدا خەنزۇغا قارشى ھادىسىلەر بولغان ( خەنزۇ ئۆلتۈرۈلگەن ) دىگەن سۆزنى نوقۇل ھالدا يېزىشىنىڭ ئەھمىيىتى يوق. ئەكسىچە، مىللەتلەرنىڭ تارىخىي مۇناسىۋىتىگە سەلبىي تەسىر كۆرسىتىدۇ.

ئوتكەندە گېنېرال سۇڭ شىلىيەن ئۆزىنىڭ يازغان ماقالىسىدا « ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋى خەنزۇ، خۇيزۇ ئۆلتۈردى » دىدى. بۇنىڭ جىياڭ جېيشى مەيدانىدا تۇرۇپ شۇنداق دەيدىغانلىقى تەبىئىي. چۈنكى، تارىخىي ئەمەلىيەت گېنېرال سۇڭ شىلىيەن ئېيتقاندەك ئەمەس. ئەكسىچە، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋى دەۋرىدە سۈيدۈڭ خۇيزۇ پارتىزان ئەترىتى، مىللىي ئارمىيە قوشۇنىدىكى خۇيزۇ ئىسكادرون، خۇيزۇ باتالىيون، خۇيزۇ پولكى ۋە ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ھۆكۈمەت، ساقچى، سوت، مەدەنىيەت - مائارىپ، مالىيە قاتارلىق سەپلىرىدە خۇيزۇ خەلقى، كادىر ۋە جەڭچىلىرى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە، جاھانگىر ۋە پان ئىسلامىستلارغا قارشى قەيسەرلىك بىلەن ماھارەت كۆرسەتكەن.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋى باشلانغان 1 - كۈنىدىكى 1 - پاي ئوق بىلەن ھاشىم توكا ( ئۇيغۇر )، لوبەندى ( خۇيزۇ )، قانات بېك ( قازاق ) لار ئۆلتۈرۈلگەن. بۇ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىنىڭ ھەرمىللەت ئەكسىيەتچىلىرىگە جاكالىغان ئاگاھلاندۇرۇشى ئىدى. چۈنكى، لوبەندى ئىلى گومىنداڭ جىڭسا جۈيىنىڭ تۈرما، خەندەك، قۇدۇقلىرىنى ھەر مىللەت ئىنقىلابچىلىرىنىڭ ۋە گۇناسىز خەلقلەرنىڭ جەسەتلىرى بىلەن توشقۇزۇۋەتكەن باش جىنايەتچىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ گومىنداڭ ئولكىلىك جىڭۋۇ چۇ ( ئىشپىيونلار باشقۇرۇش باشقارمىسى ) نىڭ چۇجاڭى ئىدى، ھاشىم توكا گومىنداڭ ئىشپىيونلار گۇرۇپپا باشلىغى ئىدى، قانات بېك نىلقا ناھىيىسىنىڭ گومىنداڭ جىڭسا جۈيىنىڭ ئىشپىيون باشلىغى ئىدى.

3 . گېنېرال سۇڭ شىلىيەن قاتارلىق كىشىلەرنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋى توغرىسىدا يازغان ماقالىلىرىدا ـــــــ تەيۋەندىن تارقاتقان « بوران - چاپقۇن ئىچىدىكى

70 يىل » دىگەن 12 توملۇق كىتابتا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىنى ئىمپورت قىلىنغان ئىنقىلاپ دىگەن ئەكسىيەتچى ئىددىيەنى تەشۋىق قىلىش بىلەن ماۋجۇشىنىڭ « ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋى جۇڭگو دىموكراتىك ئىنقىلاۋىنىڭ بىر قىسمى » دىگەن ھۆكمىنى، جۇڭگو گۇڭچەنداڭىنىڭ، خەلق ئازاتلىق ئارمىيەسىنىڭ ، ھەرمىللەت خەلقىنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە ، ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى ئېلىپ بارغان ئۇرۇش غەلىبىسىنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىغا بولغان تەسىرىنى ئىنكار قىلغان . شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە ، سىنچىپىي زۇلۇمىغا قارشى ئىنقىلاپ قىلىش ئىقتىدارىنىڭ مۇقەررەرلىكىنى ئىنكار قىلغان ، تارىخىي ماتېرىيالىزىمغا زىت بولغان بۇنداق ئىنكار قىلىشنى بىز تارىخىي ماتېرىيالىزىملىق كوز قاراش بويىچە پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىمىز . ستالىن رەھبەرلىكىدىكى سوۋېت ھۆكۈمىتى جۇڭگو گۇڭچەنداڭىنىڭ رەھبەرلىكىدىكى خەلق ئازاتلىق ئارمىيەسىنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە ، ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى ئېلىپ بارغان ئۇرۇشىنى قوللىغانلىقى ئۈچۈن ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋى جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ بىر قىسمى بولغىنى ئۈچۈن . ئۈچ ۋىلايەت خەلقىنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە . جاھانگىرلىككە قارشى ئېلىپ بارغان ئىنقىلاۋىي كۈرىشىنى قوللاپ ، ھەرخىل شەكىللەر بىلەن ياردەم بەرگەن . بۇ ياردەمنى جۇڭگو گۇڭچەنداڭ رەھبەرلىكىدىكى بىر پۈتۈن جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ غەلىبىسىنى قوللاش يۈزىسىدىن قىلىنغان ياردەم دەپ چۈشىنىش كېرەك . ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن ، خەيگۇەن نىزامنامىسىنى تۈزۈپ چىقىپ ، مۇشۇ نىزامنامە بويىچە سوۋېتكە خېلى كوپ مىقداردا ئات ، قوي ، كالا ، تېرە ، ئۆچكە ، ئاشلىق قاتارلىق نەرسىلەرنى ئۆتكۈزۈپ شۇنىڭ بەدىلىگە قورال - ياراق ، ماشىنا ، رەخ ، سودا - سانائەت ۋە دىخانچىلىققا دائىر نەرسىلەرنى سېتىۋالغان .

گېنىرال سۇڭ شىلىيەن قاتارلىق بەزى كىشىلەرنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋى توغرىسىدا يازغان بىر قىسىم ماقالىلىرىدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىنىڭ توپ خاراكتىرىگە ، ئوبىكتىپ تارىخىي ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن بولمىغان ، بەلكى ۋەتەنىنىڭ بىرلىكىگە پايدىسىز بولغان نەرسىلەر شەرھىلەنگەن .

گېنىرال سۇڭ شىلىيەن قاتارلىق كىشىلەرنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋى توغرىسىدا يازغان ماقالىلىرىدىكى خاتا كوز قاراشقا جاڭ جىجوڭنىڭ ۋە رۇس تارىخچىسى ئا . گ . ياكوۋلوۋنىڭ ماقالىلىرىدا كورسىتىلگەن بەزى تارىخىي پاكىتلار بىلەن جاۋاپ بېرىشكە بولىدۇ .

جاڭ جىجوڭ 1947 - يىلى 3 - ئاينىڭ 31 - كۈنى غەربىي شىمالنىڭ ئۇرۇمچىدە

تۇرۇشلۇق ئارمىيە مەسئۇللىرىنىڭ مەخپىي يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزىدە : « شىنجاڭ مەسىلىسىنىڭ ھەرقانداق تەرەپكە ياكى ئۆزەكلا تەرەپكە قاراش خاتا . ئومۇمەن مىللىي مەسىلە — تۈپ خاراكتېرلىك مەسىلىدۇر . بۈگۈنكى شىنجاڭدا دىپلوماتىيە مەسىلىسى بولمىسا ، مىللىي مەسىلىمۇ بولمايدۇ ، دەپ قارىلىدىغان بولسا ، بۇ سۆز پۈتۈنلەي خاتا ...... شىنجاڭ مەسىلىسىگە سوۋېت ئىتتىپاقى قوراللىق ئارىلاشمىغانىدەك كۆرۈنىدۇ . ئەگەر بۇ مەسىلىدە سوھبەت ئۆتكۈزىمىز دېسەك ، سۆزلىشىدىغان ھېچنەرسە يوق ، سەن ئۇلارنى ئىزدىسەڭ ئۇلار پەرۋا قىلمايدۇ ، ئۇلار بىرجۈملە سۆز بىلەنلا ئىنكار قىلىۋېتىدۇ » ؛ « بىز جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشى ، سوۋېت ئىتتىپاقى بۇنىڭغا قىزىقمايدۇ » دەيدۇ . يەنە جاڭ جىجۇڭ ئۆز سۆزىدە : « مۇبادا بىز ئۈچ ۋىلايەتنى بېسىۋېلىش ئۈچۈن ئۇرۇش قوزغىساق ، سوۋېت ئەسكەر چىقارمايدۇ ، ئەلۋەتتە ، لېكىن ئۈچ ۋىلايەتكە قورال - ياراق سېتىپ بېرىشى مۇمكىن ...... » . بەزىلەر ئېيتىۋاتقان دىپلوماتىيىنى شىنجاڭدا ھەل قىلغىلى بولمايدۇ ، ئۇ جۇڭگو - سوۋېت ئىككى دۆلەتنىڭ بىر پۈتۈن مەسىلىسى ...... » دېگەن .

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شەرقشۇناس تارىخچىسى ئا . گى . ياكوۋلوۋنىڭ 1955 - يىلى يازغان « شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ مىللىي ئازاتلىق ھەركەت مەسىلىسى » دېگەن ماقالىسىدا مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن : « جۇڭگو خەلقىنىڭ ئۇلۇغ داھىسى رەئىس ماۋزېدۇڭ 1944 - يىلدىن 1949 - يىلغىچە بولغان شىنجاڭ خەلقىنىڭ مىللىي ئازاتلىق ھەركىتىگە باھا بېرىپ ، بۇ ھەركەت جۇڭگو خەلقىنىڭ دېموكراتىك ئىنقىلاۋىنىڭ بىر قىسمى دەپ ھېسابلاپ ، بۇ ھەركەتنىڭ ئىلغار خاراكتېرىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن .....» 1948 - يىلى ئۈرۈمچىدىكى ئامېرىكىنىڭ مۇئاۋىن كونسۇلى ماكىنانىڭ يېتەكچىلىكىدە ، گېنېرال سۇڭ شىلىيەن بىلەن باندىت ئوسمان ، « دىنىي قوغداش » گۆكچەنداڭغا ، ئۈچ ۋىلايەتكە قارشى كۆرەش كومىتېتىنى قۇردى ..... مەسئۇت قاتارلىق پانتۈركىست ساتقىنلار گۇرۇھى ئامېرىكا ، ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىنىڭ كۆپ تەرەپلىمىلىك ياردىمىگە ئېرىشكەن بولسىمۇ ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىنى يوقىتالمىدى ... 1944 - يىلدىن 1950 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا . ئامېرىكىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسى شىنجاڭدىكى ئىنقىلاۋىي بازىلار ئىچىدىكى ۋە باشقا جايلاردىكى ئەكسىلئىنقىلابچىلارغا بىۋاستە رەھبەرلىك قىلدى . 1947 - يىلى ئامېرىكىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق كونسۇلى پېكتون شىنجاڭنىڭ شىمالىغا ، شەرقىغە ۋە مۇھىم جايلىرىغا ( ئۈچ ۋىلايەتكە ) ئادەم ئەۋەتىپ نۇرغۇن ئاخبارات توپلىدى ، ئاغدۇرمىچىلىق قىلدى .

دېمەك ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋى جۇڭگو دېموكراتىك ئىنقىلاۋىنىڭ بىر قىسمى

بولغىنى ئۈچۈن ، ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز جۇڭگونىڭ زېمىنى ئىچىدىكى ھەرمىللەت خەلقى قوزغىغان ئىنقىلاب بولغىنى ئۈچۈن ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى تارىخىنى يازغاندا ، بىر پۈتۈن جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ تارىخىنى يېزىش قائىدە پرىنسىپلىرى بويىچە يېزىش كېرەك . بەزى تارىخىي شارائىت تۈپەيلىدىن ئۇنىڭدا يۈز بەرگەن بەزى مەسىلىلەرنى ئىنقىلابنىڭ تۈپ خاراكتېرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان مەسىلە قاتارىغا قويماستىن بەلكى ئۇنىڭ ئىلغار ئىجابىي تەرىپىنى ، جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان تارىخىي پاكىتلارنى ئاساسىي گەۋدە قىلىپ يېزىش كېرەك . شۇنداق قىلغاندىلا ۋەتەننىڭ بىرلىكىگە ، مىللەتلەر ئىتتىپاقىغا پايدىلىق بولىدۇ . قىسقىسى ، ھەر بىر قەلەم تەۋرەتكۈچىدە جەزمەن تارىخىي ماتېرىيالىزملىق نۇقتىئىنەزەر بولۇشى كېرەك .

مۇشۇ نۇقتىئىنەزەر بويىچە يېزىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلىش كېرەك

1983 - يىلى 9 - ئاينىڭ 15 - كۈنى